## 75057 ـ سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولغان كىشىلەر كىملەردىن ئىبارەت؟

**سۇئال**

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزلەرنى ئۇرۇغ-تۇغقانلار ئارا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرىدى. مېنىڭ سوئالىم: سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولغان كىشىلەر كىملەردىن ئىبارەت؟. ئۇلار دادا تەرەپ تۇغقانلارمۇ ياكى ئانا تەرەپ تۇغقانلارمۇ ياكى ئايالى تەرەپتىن بولغان تۇغقانلارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىرىنچى: سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولغان تۇغقانلار توغرىسىدا ئۆلىمالار ئۈچ خىل كۆز قاراشتا بولغان. ئۇلار تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

1-ئۆز-ئارا نىكاھلىنىش چەكلەنگەن تۇغقانلار.

2-ئۆز-ئارا بىر-بىرىدىن مىراس ئالىدىغان تۇغقانلار.

3-مىراس ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن، پەقەت نەسەب تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار.

يۇقىرىدىكى بۇ ئۈچ خىل قاراشنىڭ توغرىسى: 3- خىل كۆز قاراشدۇر. يەنى ئۇلارئىبمىلداشلىق جەھەتتىن ئەمەس بەلكى نەسەب جەھەتتىن ئانا-دادا تەرەپتىن يېقىن بولغان تۇغقانلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئەمما ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى ئەرنىڭ ۋە ئەرنىڭ تۇغقانلىرى ئايالىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش زۆرۈر بولغان يېقىنلىرى ھېسابلانمايدۇ.

بىر كىشى، شەيخ ئابدۇل ئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش ۋاجىپ بولغان تۇغقانلار قايسى؟ بەزى كىشىلەر ئايالىنىڭ تۇغقانلىرى بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ دەيدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەرگەن بولسىلا دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "يېقىن تۇغقانلار دېگەن نەسەب جەھەتتىن سىزگە ئانا-دادا تەرەپتىن تۇتىشىدىغان تۇغقانلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ تائالائەنپال ۋە ئەھزاب سۈرىلىرىدە بايان قىلغان، بۇ ئايەتتە ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىق ئوچۇق بايان قىلىنغان: وَأُولُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللَّـهِتەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور

بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر. [سۈرە ئەنپال 75-ئايەت].

يەنە بىر ئايەتتە: وَأُولُو الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَىٰ بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللَّـهِتەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشقا (ياتلاردىن) ئەڭ ھەقلىقتۇر. [سۈرە ئەھزاب 6-ئايەتنىڭ بىرقىسمى].

تۇغقانلارنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى: ئاتا-ئانىلار، چوڭ ئانا-چوڭ دادا ۋە ئۇلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئەۋلادلار، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى، ئانا-دادا تەرەپتىن بولغان تاغا-ھاممىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى.

سەھىھ ھەدىستە بايان قىلىنىشچە، بىر كىشى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىمغا كىم ئەڭ لايىق؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاناڭ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېگەندە، يەنە ئاناڭ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېگەندە، يەنە ئاناڭ دەيدۇ، ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېگەندە،
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: داداڭ، ئاندىن يېقىن تۇغقانلىرىڭ دەيدۇ. [بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم سەھىھ كىتابىدا كەلتۈرگەن. بۇ توغرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ].

ئەمما ئايالنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بولسا، ئۇلار ئەرگە نەسەب تەرەپتىن تۇغقان كەلمەيدىكەن، يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلار قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ، ئەمما ئۇ ئايالدىن تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىنىڭ يېقىن ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ھېسابلىنىدۇ". ئاللاھ تائالا ھەممەيلەننى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلسۇن. [ئىسلام پەتۋالىرى 4-توم 195-بەت].

ئەر-ئايالنىڭ تۇغقانلىرى بىر-بىرىگە يېقىن تۇغقانلاردىن ھېسابلانمىسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق، خەيرى-ئېھسان قىلىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى بۇمۇ ئەر-ئايال ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە بولغان ھۆرمەت ۋە مېھرى-مۇھەببەتنى زىيادە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر.

ئىككىنچى: ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ: ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرۇش، ياخشىلىق قىلىش، خەيرى-ئېھسان قىلىش، كېسەللەرنى يوقلاش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش: ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا ئۇلاش ۋە ئۇلىنىش ئېتىبارى بىلەن خەيرى-ئېھسان قىلىش، بەزى مال بىلەن ياردەم قىلىش بەزى ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ياكى ئۇلارنى زىيارەت ۋە سالام قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بولىدۇ". [مۇسلىمنىڭ شەرھىسى 2-توم201-بەت].

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش دېگەن؛ ئۆز دائىرىمىزدىكى ئۆرپە-ئادەت ۋە كىشىلەر بۇرۇندىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن يولى بويىچە بولىدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىمدە ياكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاشنىڭ تۈرى، مىقدارى ۋە شەكلى بايان قىلىنمىغان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنى مەلۇم بىر ئىش بىلەن بېكىتمىگەن، بەلكى مۇتلەق قويۇپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ تەپسىلاتى

ئۆزىمىز ياشاۋاتقان يۇرت ۋە مىللەتنىڭ ئۆرپە-ئادىتىگە قايتۇرۇلىدۇ. بىز ياشاۋاتقان يۇرت-مىللەتنىڭ ئۆرپە-ئادىتىدە ئۇرۇغ-تۇغقانلارغا سىلە-رەھىم يەتكۈزۈش سانىلىپ كېلىنىۋاتقان ئىشلار، ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۇلاش ھېسابلىنىدۇ. تۇغقانلار ئارا سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش سانىلىپ كېلىنىۋاتقان ئىشلار ئۇرۇغ-تۇغقانچىلىقنى ئۈزۈش دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ". [ياخشى كىشىلەر باغچىسى ناملىق ئەسەرنىڭ شەرھىسى 5-توم 215-بەت.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.